

دوكتور ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

ۋاكاكا بىلەن ئېيشىشنىڭ
ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىشى

# «خالتىلىق قۇش»قا ئۇچراپ قېلىش

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

遭遇袋袋鸟：维吾尔文 / 黎程程编；哈斯亚提·阿布来提译. — 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ. ①遭… Ⅱ. ①黎… ②哈… Ⅲ. ①连环画 – 作品 – 中国 – 现代 Ⅳ. ①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088829 号

丛 书 名 博士妈妈讲故事
书　　名 遭遇袋袋鸟
主　　编 黎程程
译　　者 哈斯亚提·阿布来提
责任编辑 迪丽努尔·阿布都热合曼
责任校对 古丽巴哈尔·托合塔木
制　　版 乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　　版 新疆美术摄影出版社
　　　　 新疆电子音像出版社
发　　行 新疆新华书店
印　　刷 新疆新华印刷厂
开　　本 880 mm × 1230 mm 1/24
印　　张 2
版　　次 2011 年 5 月 第 1 版
印　　次 2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　　号 ISBN 978-7-5469-1357-5
总 定 价 58.00 元（全十册）

ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى» ئارقىلىق ئۇچار بېلىققا ئايلىنىپتۇ، ئۇلار ئۇچار بېلىق توپىنى ئىزدىمىسە بولمايتتى. ۋاكاكا:

— تېز بول، بىز چوڭ قوشۇننى تېپىشىمىز كېرەك، — دەپ ئالدىرىتىپتۇ






ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ چاغدا، ئىنچىكە تىكەنلىك بىر بېلىقجان ئالاقزەدىلىك بىلەن ئۈزۈپ، ۋاكاكاغا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، ۋاكاكانىڭ مۈرىسى ئازراق سۈركىلىپ كەتكەنىكەن.

— يولنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ خەققە سوقۇلماي ماڭ.

— كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ، — تىكەنلىك بېلىق ئەپۇ سوراپتۇ.

— ئاكا، ئەدەپلىك بول، — دەپتۇ ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ قوپال پوزىتسىيەسىنى كۆرۈپ پەس ئاۋازدا.



ۋاكاكا ئېغىزىنى كالچايتىپ، تىكەنلىك بېلىققا مۇنداق دەپتۇ:

— شۇنچە چوڭ دېڭىزدا سەن يولۇڭنىمۇ ئوڭلاپ ماڭالماي، ماڭا سوقۇلۇپ يۈرۈيسەنغۇ!

— نېمە ئىش بولغانىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى تىكەنلىك بېلىقنىڭ جىددىيلەشكەن ھالىتىنى كۆرۈپ.

— چاتاق، بەك چاتاق، ئۇ نېمىدۇ، نېمىدۇ؟.... — دەپتۇ تىكەنلىك بېلىق دۇدۇقلاپ.

— ئاكۇلا كەلمىگەندۇ؟ — بېلىقلار جىددىيلىشىپ سوراپتۇ.



— ۋايجان، ئۆلگىلى تاس قالدىم، مەن، مەن بايىلا «خالتىلىق قوش»قا ئۇچراپ قالدىم، — دەپتۇ تىكەنلىك بېلىق سەل ئوڭشىلىۋېلىپ.

بېلىقلار تىكەن بېلىقنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي، پىچىرلاشقىلى تۇرۇپتۇ:

— «خالتىلىق قوش» قانداق بولىدۇ؟

— ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن...

www.uyghurkitap.com

— «خالتىلىق قۇش»نىڭ تۇرقى قانداقراقكەن، — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى كىچىك تىكەنلىك بېلىقتىن.

— قاناتلىرى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، پوكىنىدا چوڭ بىر خالتا بار ئىكەن، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ كىچىك تىكەنلىك بېلىق.





بېلىقلار يەنە چۇشىنەلمەي سوراپتۇ:

ــ ئۇنىڭ قانىتى ئۇچار بېلىق ئاكىمىزنىڭكىدىنمۇ چوڭمىكەن

ــ ئۇ ئۇچار بېلىق ئاكىمىزدىنمۇ ئېگىز ئۇچامدىكەن؟

ــ «خالتىلىق قۇش» قانىتىنى يايسا كۆنىمۇ توسۇۋالىدىكەن، ــ دەپتۇ تىكەنلىك بېلىق.

ۋاكاكا تىكەنلىك بېلىقنى سەل مۇبالىغە قىلىۋەتكەندەك ھېس قىپتۇ:

ــ ھە، ئۇ قۇياشتىنمۇ چوڭ قۇشمىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىكەنلىك بېلىق يەنە دۇدۇقلاشقا باشلاپتۇ:

— ئۇنىڭ ئېغىزى ناھايىتى چوڭ ئىكەن، بىر يالماپلا نۇرغۇن بېلىقلارنى يۇتۇۋېتەلەيدىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان بېلىقلار قورقۇپ، غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ:

— ھە، نېمانداق ئاچ كۆزدۇر؟

— نېمانداق قورقۇنچلۇق، بەك يامان ئىكەن.




ئەيشىشى سەل ئويلىنىۋېلىپ تىكەنلىك بېلىقتىن سوراپتۇ:

— سېنىڭ دېگىنىڭ ساقىيقۇش ئەمەسمۇ؟

تىكەنلىك بېلىق بۇ ئىسىمنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان بولغاچقا:

— ساقىيقۇش دېگەن نېمە؟ ئەجەب ئەستە ساقلىغىلى بولمايدىغان ئە-سىمكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بېلىقلار ئەمدى «خالتىلىق قۇش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ شۇ هامان قورقۇشقا باشلاپتۇ.



www.uyghurkitap.com



— تىكەنلىك بېلىق سىڭلىم، سەن ئېيتقان «خالتىلىق قۇش» جەزمەن ساقىيقۇش، — دەپتۇ ئەيشىشى جەزىملەشتۈرۈپ.

ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ گېپىگە ئىچى پۇشۇپ:


— سەن ئۇنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟ ساقىيقۇشنى كۆپچىلىك بىلمەيدۇ، «خالتىلىق قۇش» دېگەن بولسا «خالتىلىق قۇش» بولۇۋەرمىسۇنمۇ، — دەپتۇ.

— مېنىڭ بايا كۆرگىنىم «خالتىلىق قۇش» ئىكەن. ئۇ نۇرغۇن بېلىقلارنى يەۋەتتى، مەن ئاران قۇتۇلدۇم. مەن مېڭىپ تۇراي، سىلەرمۇ تېزراق بولۇڭلار، ئەمدى كېچىكسەڭلار ئۇلگۇرەلمەيسىلەر.

بېلىقلار بىردىنلا پاتىپاراق بولۇشۇپ، تىللىرى گەپكە كەلمەپتۇ:

— نېمانداق قورقۇنچلۇق؟

— بۇ يەردىن دەرھال كېتەيلى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلىقلار پۇتۇنلەي گاڭگىراپ قېلىپ، ئالدىراش ھالدا ئەيشىشىدىن سوراپتۇ:

— قانداق قىلىمىز؟

— بىز نەگىمۇ بارارمىز؟

ئەيشىشى ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

— كۆپچىلىك جىددىيلەشمەڭلار، ئاكام بىلەن چىقىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن بىرنەرسە دەيلى، — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى



ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى ئۇچۇپ چىقىپ، ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ساقىيقۇش توپىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. ئەيشىشى ھاڭ ـ تاڭ قاپتۇ:

ــ ئاپلا، ئىش چاتاق، بىز قورشاۋدا قاپتىمىز.



ۋاكاكا سۇغا قايتىپ چۈشۈپ، كەيپى ئۇچقان هالدا بېلىق، راكلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— هەممىلا يەردە «خالتىلىق قۇش» بار ئىكەن، بىز قورشاۋدا قاپتىمىز، قاچىدىغان يولىمىزمۇ يوقكەن.

بېلىقلار ئۇھسىنىشقا باشلاپتۇ:

— ئاپلا، قانداقمۇ قىلارمىز؟ ئۆيگە قايتىشىم كېرەكتى، هۇ هۇ هۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن بىر ئېچىنىشلىق سادا كەپتۇ:

— قۇتقۇزۇڭلار!

— ئانا، ئانا!

— ھۇ ھۇ ھۇ.

ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل بىردىنلا داڭقىيىتىپ قاپتۇ، بېلىق، راكلار يىغلىشىپتۇ:

— ئاپلا، بولمىدى.

— بېلىقلار «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ توۋلاۋاتىدۇ.

— قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ھۇ ھۇ ھۇ.



www.uyghurkitap.com



ساقىيقۇشلار قاناتلىرىنى كېرىپ، چەمبەر ھاسىل قىپتۇ، ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. بىر توپ ساقىيقۇش سۇغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. بېلىقلار ئۈركىگىنىچە قېچىپ تېيىز سۇ يۈزىگە چىقىپ قاپتۇ، يەنە بەزىلىرى قورقۇپ كېتىپ سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارغا يەم بوپتۇ. بەزىلىرى قورقىنىدىن ئۈزمەي جىم تۇرۇۋالغانلىقتىن، سۇ يۈزىدىكى ساقىيقۇشلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇ چاغدا، بىر چوڭ ساقىيقۇش يېنىككىنە سۇمۇرۇپ، بىرنەچچە كىچىك بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ. ساقىيقۇشنىڭ يوغان ئېغىزىغا كىرىپ كەتكەن بېلىقلار ئۈمىدسىزلىنىپتۇ:

— ھۇ ھۇ ھۇ.

— ياق، مېنى قويۇۋەت، — دەپ يىغلاپتۇ.

يان تەرەپتە تۇرغان ساقىيقۇش بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆلگىنىچە ئاكىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاكا، سەن ياخشى قىلدىڭ. ماڭا قارا، ئىككىمىز بېلىق يېيىشتە مۇسابىقىلىشەيلى.

ۋاكاكا غەزەپلەنگەنلىكىدىن مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ:

— خەپ! ئۇ بىرنەچچىسى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئۇلارنى يوقاتمايدىغان بولسام، — دەپتۇ.

ئەيشىشى ۋاكاكاغا :

— ئاكا، ئۇنداق قىلما، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن، ئەقىل ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتەيلى، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

بېلىقلار:

— ئۇچار بېلىق ھەدە، ئامال قىلىڭ.

— كۆپچىلىك بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرساق بولمايدۇ، — دېيىشىپتۇ.



— كۆپچىلىك بىرلىكتە قاچساق، چوقۇم ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز، — دەپتۇ ۋاكاكا. بېلىق، راكلار ۋاكاكاغا قارشى چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇنداق قىلغان بىلەنمۇ ھەممىمىز قېچىپ چىقالمايمىز-دە.

— مەن قورقىمەن، ھۇ ھۇ ھۇ.

ئەيشىشىمۇ بۇنداق قىلىشقا قوشۇلماپتۇ:

— بۇنداق قىلساق بولمايدۇ! توپتىن بىرىمىزمۇ چۈشۈپ قالماسلىقىمىز كېرەك.





www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ئالدىراپ ـ تېنەپ بىر چارە تېپىپ چىقىپتۇ. ئۇ كۆپچىلىككە:

ــ ھەممەيلەن مۆكۈۋالساقلا، «خالتىلىق قۇش» بىزنى تاپالمايدۇ، ــ دەپتۇ.

بېلىقلار بۇ چارىنى يامان ئەمەستەك ھېس قىلىپ:

ــ توغرا، كىچىك سەقەنقۇرمۇ سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ چوڭ بېلىقلاردىن قۇتۇلۇپ قالمىغانمىدى؟ ــ دەپتۇ.

ئەيشىشى ئەتراپقا قاربۇېتىپ ۋاكاكانىڭ بۇ پىكرىنىڭ ياخشى بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتچانلىقى يوقلىقىنى ھېس قىلىپتۇ ـ دە:

ــ بۇ يەر تېيىز دېڭىز ساھىلى تۇرسا، بىز نەدىكى سۇ چۆپى، دېڭىز يوسۇنلىرىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنىمىز؟ ــ دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

— بولمىسا بىز تېنىمىزنى قومغا كۆمۈۋالايلى، — دەپتۇ ۋاكاكا يەنە.

بېلىق، راكلار ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا:

— سەن بىزنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟

— بۇ قانداق ئامال؟ — دەپتۇ.

ئەيشىشى بېشىنى چايقاپ:

— بۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى بېلىقلارلا بۇنداق قىلالايدۇ، — دەپتۇ قارشى تۇرۇپ.

ۋاكاكا پىكرىنىڭ ھەمراھلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ، ئەيششىغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇمۇ بولمىسا، ئۇمۇ بولمىسا، سەن ئامال قىل ئەمىسە.

ئەيششى ئىككى «قولى»نى ئېچىپ:

— مەنمۇ ئامال قىلالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بېلىق، راكلار جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ.



بۇ چاغدا، يىراقتىن ساقىيقۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

ــ هى هى هى، بۇ قېتىم ئولجا خېلى ياخشى بولدى.

ــ ھەقىقەتەن مەززىلىكەن، مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ بېلىقلارنى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ــ قارا، ئاۋۇ تەرەپتە بىر توپ بېلىق بار ئىكەن، تېز بارايلى.

بېلىقلار بۇنى ئاڭلاپ ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ:

ــ ئاپلا، ئۇلار بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.

ــ قانداق قىلىمىز؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئەيشىشى جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇ پېشانىسىگە
بىرنى ئۇرۇۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:
— مېنىڭ ئامالىم بار.
بېلىق، راكلار ئۇنىڭغا قاراپ ئۈمىد يۇلتۇزىنى كۆرگەندەك بوپتۇ ۋە:
— تېز ئېيتىڭە، تېز ئېيتىڭە، قانداق ئامال ئۇ؟ — دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ــ «خالتىلىق قۇشلار» يېقىنلاشقاندا، مەن ئاكام بىلەن ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇراپ ئۇچاي، ــ دەپتۇ ئەيشىشى.

بېلىق، راكلار ئۇمىدسىزلىنىپ:

ــ ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى ئۇچۇپ كېتىپ، بىز بىلەن كارى بولمايدىكەن ـ دە؟

ــ ھىم، ھەممىمىز بىر كوللېكتىپ دېگىنى بىلەن «خالتىلىق قۇش»لار كەلگەندە ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىپ قاچىدىكەنغۇ، ــ دەپ تەنە قىلىشىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ئەيشىشى كۆپچىلىككە دەرھال چۈشەندۈرۈپ:

ــ بىز ئىككىمىز ئۇچۇپ، «خالتىلىق قۇشلار»نىڭ دىققىتىنى بۇرايمىز، سىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ يەردىن قېچىپ، بىخەتەر جاينى تېپىڭلار، ــ دەپتۇ.

ــ ياخشى گەپكەن، مەن بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغاندىمەن؟ ــ دەپتۇ ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ دېگىنىگە قايىل بولۇپ.

بېلىقلارمۇ قايىل بولۇشۇپ، باشمالتىقىنى چىقىرىپ:

ــ بەك ياخشى بولدى، ھەقىقەتەن ياخشى گەپكەن.

ــ ماۋۇ چارە بولىدىكەن، ــ دەپتۇ.

ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى بىر - بىرىنىڭ «قول»ىنى ئۇرۇشۇپ قويۇپ:
— چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز، — دەپتۇ.
بېلىق، راكلار ئۇلارغا مەدەت بېرىپ:
— ئاكا، هەدە، غەيرەت قىلىڭلار! سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل قاناتلىرىنى «شارت»تىدە كېرىپ، قەستەن ۋارقىراپتۇ:

ــ قاناتلىرىمىزنى كېرىپ، تېخىمۇ ئېگىز ئۇچايلى.

«خالتىلىق قۇش»لارنىڭ دىققىتى ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىلغا بۇرۇلۇپتۇ، ئۇلار بېشىنى شاققىدە كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ:

ــ نېمە ئىش بۇ؟

ــ تېز ئۇچايلى، ئاۋۇ يەردە ئىككى ئۇچار بېلىق بار ئىكەن.

ــ ھەي، ئۇلگۈرەلمىدۇق، ئىست، ئىست، ــ دەپتۇ.

سۇدىكى بېلىقلار «خالتىلىق قۇش»لارنىڭ ئاياغ ئاس-تىدىن قۇتۇلۇشۇپ تېز سۇرئەتتە قېچىپ كېتىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا-سىڭىل ئۇچار بېلىقلار ساقىيقۇشلار توپىدىن ئايرىلىپ، ھاۋادا قانات قېقىپ ئۇچۇپتۇ.

— ئاكا، خەتەر ئۆتۈپ كەتتى، بىز چۈشۈپ كەتسەك بولىدۇ، — دەپتۇ ئەيشىشى.

— ماقۇل، بىز تېخى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خىيىم-خەتەردىن قۇتۇلغان-قۇتۇلمىغانلىقىنى بىلمەيمىز، — دەپتۇ ۋاكاكا.



ئاكا ـ سىڭىلنىڭ ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپتۇ:


ــ بېلىقلار، سىلەر قەيەردە!؟

ــ كۆپچىلىك تېز چىقىڭلار!

بېلىقلار ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن تەنتەنە قىلىشىپ كېتىپتۇ:

ــ ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۇچار بېلىق ئاكا، ئۇچار بېلىق هەدە، بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ.

ــ پاھ، بەك ياخشى بولدى.



ئەيشىشى بىلىق، راكلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ، ۋاكاكا ئېغىزىنى ئۇمچەيتىپ:

— ھىم، نېمىگە يىغلايسىلەر؟ خۇشال بولسىمۇ يىغلامدۇ؟ — دەپتۇ.

بېلىق، راكلارمۇ كۆز يېشى قىلىشىپتۇ:

— بىز بەك خۇشال، ھۇ ھۇ ھۇ.

— ئاكا، بىز ھەدىمىزنى يەنە كۆرەلەرمىزمۇ دەپ ئەنسىرىدۇق.

www.uygurkitap.com



— سىلەر خەتەردىن قانداق قۇتۇلدۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ ئەيشىشى دوستلىرىدىن.

بىلىقلار بەس - بەستە سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن «خالتىلىق قۇش»نىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۆتتۇم.

— مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە بىخەتەر جايغا قاراپ ئۈزدۈم.


ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن بابا بىر «خالتىلىق قۇش»نىڭ نۇرغۇن بېلىقلارنى يۇتۇۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم، — دەپتۇ ۋاكاكا.

— ھەئە، ئۇلار ئۇششاق بېلىقلارنى دېڭىز سۈيى بىلەن قوشۇپ خالتىسىغا سولىۋېلىپ، دېڭىز سۈيىنى ياندۇرۇۋېتىدۇ، بېلىقلار بولسا ئۇلارنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ئەيشىشى.

بېلىق، راكلارنىڭ ئاچ كۆز، ۋەھشىي ساقىيقۇشلارغا غەزىپى كەپتۇ.



ۋاكاكا ئۆزىنى چوڭ، قالتىس ھېسابلايدىغان ساقىيقۇشتىن بىزار بولۇپ:

— «خالتىلىق قۇش»نىڭ پوكىنىدىكى خالتىسى بەك سەتكەن، — دەپتۇ.

بېلىق، راكلارمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ:

— شۇنداق، ئۇلار ھەقىقەتەن سەتكەن.

— قارىساملا كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ، — دېيىشىپتۇ.

ئەيشىشى كۆپچىلىككە:

ــ «خالتىلىق قۇش»نىڭ خالتىسىنىڭ بىر مۇھىم رولى شۇكى، ئۇ بۇ خالتىسى ئارقىلىق بالىلىرىنى باقىدۇ. «خالتىلىق قۇش»لار بېلىقلارنى تۇتۇپ، ۋاقتىنچە خالتىسىدا ساقلاپ، چاڭگىسىغا قايتقاندىن كېيىن، ئېغىزلىرىنى ئېچىپ بەرسە، بالىلىرى ئەكەلگەن نەرسىلەرنى يەيدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا بۇنى ئاڭلاپ، ساقىيقۇشنىڭ ئانا ـ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:

ــ «خالتىلىق قۇش» بالىلىرىغا ياخشى قارايدىكەن، ــ دەپتۇ.

بىراق، بېلىق، راكىلارنىڭ ساقىيقۇشنىڭ ھەرىكىتىنى ئەپۇ قىلىشى قىيىن ئىدى. ئۇلار ئاچچىقلاپ:

ــ ھىم، ئۇلار بىر توپ ئاچ كۆز ئەبلەخلەر.

ــ بىزەڭ ئەبلەخلەر، قاراقچىلار! ــ دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا «قول»لىرىنى ئېچىپ:

ــ بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ «خالتىلىق قۇش»لار بېلىق يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا، ــ دەپتۇ.

بېلىق، راكلار شۇئان ۋاكاكا بىلەن مۇنازىرىلىشىپتۇ:

ــ ئۇچار بېلىق ئاكا، سىز نېمىشقا بۇنداق يامان گەپ قىلىسىز؟

ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېلىق يەيدىغان يالماۋۇزلار.



ۋاكاكا «قول»نى شىلتىپ:

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، دېمەكچى بولغىنىم، «خالتىلىق قۇش»لارمۇ ياشىشى كېرەك، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

بېلىقلارنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەپتۇ:

— ھىم، ئەجەبا بىز ئۆلسەك بولامدىكەن؟

— بىزمۇ ياشىشىمىز كېرەكقۇ؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ۋاكاكا خىجىل بولغاندا ھالدا:

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، «خالتىلىق قۇش»لار ئۇنچە كۆپ بېلىق يەپ كەتمەيدۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ.

بېلىقلار يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەيشىشى دەرھال ئاكىسىغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ:

— ئاكا، قىزىقارلىقراق ئىشلارنى سۆزلىسەڭ قانداق، — دەپتۇ.



ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنىپ گېپىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ:

— كۆپچىلىك، مەن بايا بىر قىزىقارلىق ئىشنى بايقاپ قالدىم، «خالتىلىق قۇش»لار سۇ يۈزىگە چىققاندا، ئۇلار كاسىسىنى، ئاندىن تېنى ۋە ئېغىزىنى چىقىرىدىكەن، بەك كۈلكىلىككەن، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



-- ئۇنىڭ خالتىسى سۇ بىلەن بېلىققا توشۇپ كەتكەچكە، بەك ئېغىرلاپ سۇدا لەيلىيەلمەيدىكەن، ئۇلار دېڭىز سۈيىنى قۇسۇۋەتكەندە ئاندىن ئۇچالايدىكەن. بېلىقنى بەك كۆپ يەۋالسا ھەرىكەتمۇ قىلالمايدىكەن، سۇ يۈزىدە لەيلەپلا تۇرىدىكەن، -- دەپتۇ ئەيشىشى.

-- مەن بايا بىر «خالتىلىق قۇش»نىڭ ئالدىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن ئىدىم، ئۇ مېنى كۆرۈپ مىتمۇ قىلالمىدى، بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ كەتمەسەممۇ بولغۇدەك، -- دەپتۇ ۋاكاكا بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك.



— ئۇلار بەك ھورۇنكەن، توپلىشىپ قۇياشقا قاقلىنىشتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن، — دەپتۇ ۋاكاكا.

— بەلكى، كۈچىنى تېجەش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن، ئويلاپ باقە، ئۇلار شۇنچە ئېغىر تۇرسا، ئۇچۇشىغىمۇ چوقۇم كۆپ كۈچ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئەيشىشى.



ھىم، ئۇلارنىڭ بىر قېتىمدا شۇنچە كۆپ بېلىقنى يەۋېلىشىنىڭ ئاساسى باركەن-
دە، — دەپتۇ ۋاكاكا ئۆز ـ ئۆزىگە. بېلىق، راكلار ئاچچىقلاپ كېتىپتۇ:

— بىزەڭ ئالۋاستىلار!

— ئاچ كۆز ئەبلەخلەر!

ئەيشىشى ۋاكاكانىڭ يەنە خاتا گەپ قىلغانلىقىنى بىلىپ ئۇنى
ئەيىبلەپ:

— ئاكا، ئەمدى بولدى قىل، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


ۋاكاكا بېلىق، راك دوستلىرىنىڭ خاپا بولغىنىنى كۆرۈپ، خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— بىز تېز مېڭىپ چوڭ قوشۇنغا يېتىشىۋالايلى، — دەپتۇ.

ئەيشىشى بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بولىدۇ، قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، بىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى، — دەپتۇ.

## ساقىيقۇش



ساقىيقۇش بويى ئېگىز، ئۆرە تۇرغاندا غازغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل دېڭىز قۇشى. دۇنيادا سەككىز تۇرلۇك ساقىيقۇش بار، ئېلىمىزدە ئىككى خىلى بولۇپ، دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان هايۋان. ئۇلارنىڭ ئېغىزىنىڭ ئاستىدا «خالتا» بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ پوكىنىدۇر. ئۇلارنىڭ خالتىسى تىرىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار خالتىسىنى ئەركىن كىچىكلىتەلەيدۇ. ئۇ ساقىيقۇشنىڭ يېمەكلىك ساقلايدىغان، بېلىق تۇتىدىغان قۇرالىدۇر. ساقىيقۇش بېلىق تۇتقاندا ئېغىزىنى ئېچىپ، سۇ ئۈزگەچ «بېلىق تور»غا ئوخشايدىغان خالتىسىنى سۇغا تىقىپ، خالتىسىغا بېلىق چۈشىشىگىلا ئېغىزىنى يېپىپ، ئېغىزىدىكى سۇنى سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ، بېلىقلار خالتىسىدا قېلىپ قالىدۇ. بۇ ناهايىتى قىزىقارلىق، شۇنداقمۇ؟



## كېيىنكى قىسمىنىڭ مەزمۇنى

«كۆرۈمسىز دېڭىز ئالۋاستىسى»: ۋاكاكا، ئەيشىشى ئاكا ـ سىڭىل ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى ئاكۇلانىڭ ئېغىزىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، يولدىن ئېزىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇلارساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيگەن پالۋانغا ئوخشايدىغان «غايەت زور دېڭىز مەخلۇقى» ــ دېڭىز تاخپېئۇسىغا ئۇچراپ قالىدۇ. تاخپېئۇسلار ناهايىتى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، لېكىن قەدىمىي هايۋان بولۇپ، دېڭىزدىكى «تىرىك تاشقاتما» دېگەن گۈزەل نامى بار. بىراق، ئۇلار تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا يولۇقىدۇ. كىچىك دوستلار، بىز ئۇلارنى ياخشى ئاسرايلى.



بىلىم ـــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم ـ پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.









ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**مەجمۇئە نامى:** دوكتور ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

**كىتاب نامى:** «خالتىلىق قۇش»قا ئۇچراپ قېلىش

**تۈزگۈچى:** لى چېڭچېڭ

**تەرجىمە قىلغۇچى:** خاسىيەت ئابلەت

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان

**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلباھار توختەم

**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**فورماتى:** 880mm × 1230mm 1/24

**باسما تاۋىقى:** 2

**نەشرى:** 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**بېسىلىشى:** 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-1357-5

**ئومۇمىي باھاسى:** 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价:58.00元(全十册)

5.80